ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 4 ـ سان

نويابىر 2020

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

## نەبىجان تۇرسۇن:

# ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەققىدە خۇلاسە



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV

# ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەققىدە خۇلاسە





1933 - يىلى 12 – نويابىر ۋە 1944 - يىلى 12 - نويابىردىن ئىبارەت ئوخشاش بىر كۈندە ئۇيغۇر خەلقى ئىككى قېتىم ئۆز مۇستەقىللىقىنى جاكارلاپ، 20 - ئەسىردىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانىدى. ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن 12 - نويابىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدىكى ئۇنتۇلماس سەھىپە بولۇپ قالدى.



تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1931 - يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20 - ئەسىردىكى كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى ئوقلىرى قۇمۇل تاغلىرىدا ئېتىلدى. خوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى بۇ قوزغىلاڭ غەلىبىسىرى كېڭىيىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەممە جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش بىلەن خەلقىنىڭ ئازادلىققا، مۇستەقىللىققا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى. نەتىجىدە، خوتەن خەلقى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ رەھبەرلىكىدە 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خوتەن ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1932 - ۋە 1933 - يىلى تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، بۇ جايلاردىكى جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ھاكىمىيەت قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى. خوجا نىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت مۇھىتىلار باشچىلىقىدىكى قۇمۇل - تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىمۇ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىگە كېڭەيدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن سابىت داموللام بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ خوتەندىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن 1933 - يىلى 12 - نويابىر كۈنى قەشقەر شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.



شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلىك ئىدىيە تارىخىدىكى تۇنجى مىللىي جۇمھۇرىيىتى، شۇنىڭدەك بۇ ساھەدىكى تۇنجى تەجرىبىسى. مەزكۇر مۇستەقىل ھاكىمىيەت ئۆز ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت پىروگراممىسى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربى قاتارلىق دۆلەتچىلىك سىمۋوللىرىغا، شۇنىڭدەك يەنە 16 مىنىستىرلىققا ئىگە بولۇپ، خوجا نىياز ھاجىم پىرېزىدېنتلىق، سابىت داموللام باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. مەزكۇر جۇمھۇرىيەت گەرچە ئىلگىرى - كېيىن ئاران ئۈچ ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا مەۋجۇتلۇق تارىخىدا بىر قاتار ئىشلارنى قىلدى ۋە تېخىمۇ كۆپ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما مەزكۇر ياش ھاكىمىيەت تاشقى سىياسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشى، ئىچكى جەھەتتە ما جۇڭيىڭ تەرەپدارلىرى بولغان توڭگان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھەربىي ھۇجۇمى، شۇنداقلا مۇرەككەپ ئىچكى نىزالار سەۋەبىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى.

بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى ئامىل ئىچىدە يەنىلا ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرى



ئاساسلىق رول ئوينىدى. بۇلار: بىرىنچىدىن، ئىچكى جەھەتتە بىرلىك بولماسلىقى ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىگە بويسۇنماسلىق، ئىچكى نىزا تېرىش. ئىككىنچىدىن، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىشەھەرنى قىسقا ۋاقىتتا ئازاد قىلالماسلىق. ئۈچىنچىدىن، بىرلىككە كەلگەن ھەربىي قوماندانلىق ۋە مۇنتىزىملاشقان قوشۇن ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرگەن كوماندىر ۋە ئەسكەرلەر سىستېمىسى بولماسلىق، تۆتىنچىدىن، مىللەت تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مەھەللىۋازلىق، يۇرتۋازلىق خاھىشلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى. بەشىنچىدىن، ئومۇمىيۈزلۈك

نادانلىق، ئەڭ مۇھىمى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، بىر رەھبىري، بىر يادرولۇق رەھبەرلىك ئاستىدا ئىش قىلماسلىقتۇر.

تاشقى ئامىللىنى كۆرسەتكەندە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەنپەئەتلىرى ۋە بىخەتەرلىكىنى چىقىش قىلىپ، بولۇپمۇ ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتىكى رىقابەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللىماسلىق، يەنى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىماسلىقنى قارار قىلىپ، 1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەخپىي قارار قوبۇل قىلدى. ئەنە شۇ قارار بويىچە 1934 - يىلى 1 - ئايدا زور قوشۇن كىرگۈزۈپ، ما جۇڭيىڭنىڭ تۇڭگان كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۇنى جەنۇبقا قوغلاپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، يوقىتىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆلكىگە خىتاي مىلىتارىستى شېڭ شىسەينى تىكلەپ تۇرغۇزۇپ، خوجا نىياز ھاجى باشلىق ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشتۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىغا ياردەم بېرىش» شوئارلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ھەم شېڭ شىسەينىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنگەن خوجا نىياز ھاجىم باشلىق بىر قىسىم ئەربابلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولۇپ، خوجا نىياز ھاجىم ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، باشقا بىر قىسىم قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىر قانچە نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىگە ئېرىشتى ۋە ياكى باشقۇرۇش سىستېمىسىغا قاتناشتى. ھېچقاچان ئۇيغۇرلارنى ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشقا قاتناشتۇرۇش ۋە ياكى مۇھىم رەھبىرى ھوقۇقلارنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ باقمىغان، ھوقۇقپەرەس شوۋىنىست خەن ھۆكۈمرانلىرى ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىم خوجا نىياز ھاجىمغا ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك يۇقىرى ھوقۇقىنى بېرىشى ئىدى.

بىراق بۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. 1937 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۆلىشىدىكى شېڭ شىسەي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ قايتىدىن قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشقان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى شېڭ شىسەي ۋەكىللىكىدىكى مىلىتارىستلىرىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، قايتىدىن باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، نەتىجىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر ئىككىنچى قېتىم كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق كۈرەش مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتتى.



گەرچە 1933 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قىسقا ئۆمۈر سۈرگەن

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى ۋە ئەنئەنىسى، شۇنداقلا ئاي يۇلتۇزلۇق بايرىقى 1944 - يىلىنىڭ 12 - نويابىرىغا مىراس بولۇپ قالغان ئىدى.




تارىخي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1944 - يىلى 8 - ئايدا نىلقا ئەتراپىدىكى ئۇلاستاي تاغلىرىدا فاتىخ، غېنى، ئەكبەر، رەپىق، سېيىت، نۇرۇم، ئوسمان ۋە خەمىت قاتارلىق باتۇرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا قوزغىلاڭ پارتلاپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئىلى تاغلىرىدا كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە تاتاردىن تەركىب تاپقان مەزكۇر قوراللىق پارتىزان قوماندانلىرىنىڭ نامى تېزدىن پۈتۈن ئىلى ۋادىسى، ھەتتا باشقا جايلارغا تارىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنى بارغانسېرى كېڭىيىپ، 7 - ئۆكتەبىر كۈنى نىلقا بازىرى ئۇلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان ھەمدە ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى مەرھۇم ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى 2001 - يىلى 17 - ئاپرېلدا زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بايانلىرىغا تايانغاندا، نىلقا پارتىزانلىرى جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا،

1944 - يىلى 4 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» مەخپىي تۈردە غۇلجا قوزغىلىڭىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. نىلقا ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى نىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە غۇلجا خەلقى 7 - نويابىر كۈنى قوزغىلاڭنى باشلىغاندىن تارتىپ، 12 - نويابىر كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، لاڭشاڭ قاتارلىق جايلاردىن باشقا پۈتۈن شەھەرنى ئازاد قىلدى.

1944 - يىلى 12 - نويابىر كۈنى ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۆلۈبىدا يىغىن ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل بايرىقىنى ئاستى.

بىرىنچى كۈندىكى قۇرۇلۇش يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت



ئەزالىرى بېكىتىپ چىقىلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ئەلىخان تۆرە رەئىس، ھاكىمبەگ غوجا مۇئاۋىن رەئىس، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى باش كاتىپ بولغاندىن سىرت، يەنە 16 كىشى ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلىنىپ، جەددىي ھالدا ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى باشلىدى. ئارقىدىنلا سەھىيە، مائارىپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق، دىنىي ئىشلار، ئىچكى ئىشلار، باج، سودا ۋە چارۋىچىلىق مىنىستىرلىقلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.



شۇنىڭدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىلى خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ، تېزدىن ئىلىنى تولۇق ئازاد قىلىپ، 1945 - يىلى 8 - ئاپرېلدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنى قۇردى. ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي يادرو قىلىپ، ھەر مىللەت ئوغلانلىرىدىن تۈزۈلگەن زامانىۋى، مۇنتىزىم ۋە جەڭگىۋار مىللىي ئارمىيە 6 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ھەمدە ئاقسۇ، ياركەنت، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئازاد قىلدى. قىسقىسى، مىللىي ئارمىيە ئىلگىرى - كېيىن شىمال ۋە جەنۇبتىكى جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ، ئادەم سانى 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىنقىلاب پۈتۈن ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ توققۇز ۋىلايىتى دائىرىسىگە ھەر خىل دەرىجىدە يېيىلدى. 30 دىن ئارتۇق ناھىيە، مىڭلىغان يېزىلار ئازاد بولدى. مىللىي ئارمىيە خىتاي گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئالدى ۋە 40 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، 26 مىڭغىچە بولغان ھەر خىل قورال - ياراغ، زور ساندىكى ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى. خىتاي قوشۇنلىرى پەقەت ئۈرۈمچى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، 1945 - يىلىنىڭ 10 - ئېيىغا كەلگەندە، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى تولۇق ئازاد بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بۇ ئىنقىلاب مانا شۇ دۇنياۋى ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى ۋە يېڭى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەركىبىگە كىرىپ كەتتى ۋە يۆنىلىشىدە جەددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا باشتىن ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن قوللاپ ھەم ياردەم بېرىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا مىللىي ئارمىيە ھۇجۇمىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسى ۋە بېسىمى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىپ، سەككىز ئايغا سوزۇلغان سۆھبەت نەتىجىسىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

ئارىلىقتا بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت خىتاي

مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۈزگەن تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ روھى بويىچە قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولۇپ، سىياسىي كۈرەش ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا مەزكۇر ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدەك يەنە ماناس دەرياسى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ چېگراسى سۈپىتىدە قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە ئايلىنىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جىددىي ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىپ، بىر - بىرى بىلەن تىركەشتى.



1946 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلاب رەھبىرلىك ئورنىغا چىققاندىن تارتىپ تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سابىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى يەنىلا مۇستەقىل ھاكىمىيەت سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ئۈرۈمچىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي - سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېتىمدىن پايدىلىنىپ، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى بېسىۋېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نابۇت قىلىش پىلانلىرىنى ۋەيران قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىكى ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىكى بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۈچەيتىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىكىدىن ئۈستۈن تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە ئىقتىسادىي، مائارىپ ئەۋزەللىكى يارىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى دۆلەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە ئاساسىنى تۇرغۇزدى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلغاندىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىدارە قىلىش ھەم ئۆز ئالدىغا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ھەر جەھەتتىن گۈللەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتچىلىك رولى ۋە ئىقتىدارىنى كەمسىتكۈچىلەرگە ئۈنۈملۈك جاۋاب بەردى.



بىراق 1949 - يىلى دۇنيا ۋەزىيىتى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋە خىتايدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، ئىستالىن ھۆكۈمىتى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ئاشكارا ھەمكارلىشىش، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنى يۆلەپ ۋە ياردەم بېرىپ، يېڭى كوممۇنىستىك خىتاينى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ مۇھىم ئەزاسى سۈپىتىدە سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان كۈرشىدە تايانچ كۈچ قىلىپ پايدىلىنىش ئىستراتېگىيەسىنى تاللىدى. نەتىجىدە ئىستالىن هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى تەرىقىسىدە بىرتەرەپ قىلىشقا رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزدىن جاكارلىشىنى كۈرسىتىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى هۆكۈمىتى ۋە ئۇرۇمچى هۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كوممۇنىست هاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن هەرىكەت قىلدى. موسكۋا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈننىڭ غۇلجىغا بېرىپ، ئىلى ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلىشىشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يەنە مەخپىي تۈردە ئۇرۇمچىگە بېرىپ، بۇرهان شەهىدى ۋە تاۋ سىيۈ قاتارلىق گومىنداڭ هەربىي - سىياسىي رەهبەرلىرىنىڭ كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە شارائىت ياراتتى هەم زىچ ماسلاشتى.



خىتاي ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمەتلىرىنىڭ رەسمىي هۆججەتلىرى بويىچە ئالغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسهاقبېك مۇنونوف قاتارلىق رەهبىرى

شەخسلەر 1949 - يىلى 27 - ئاۋغۇست بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان خىتاي دۆلەت قۇرۇلۇش سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش سەپىرىدە ئايروپىلان هادىسىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيەسىدە قازا قىلدى. بىراق كېيىنكى يەنە بىر قىسىم هۆججەتلەردىن ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ ئايروپىلان هادىسىسى 25 - ئاۋغۇست يۈز بەرگەن بولۇپ، سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. لېكىن بۇ هەقتە ئىزدەنگەن رۇس تارىخچىلىرى ۋە باشقا ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتىدە مۇهىم رەهبىرى ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى هەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا غۇلجىغا ئەۋەتكەن مەخپىي خادىملىرىنىڭ ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىگە سۆزلەپ بەرگەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ هەربىي - سىياسىي رەهبەرلىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كەلگۈسى سىياسىي تەقدىرى مەسىلىسىدە سوۋېت هۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆهبەت جەريانىدا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، موسكۋانىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، سوۋېت بىخەتەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن سۇيىقەست قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن 1949 - يىلى 10 - ئايدا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۇرۇمچىگە كىردى ۋە ئىلى هۆكۈمىتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق قالدۇق رەهبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ۋە هۆكۈمىتىنىڭ رەهبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىنى ئىگىللىشىدە ئىستالىن هۆكۈمىتى هەل

قىلغۇچ رول ئوينىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا تاشقى ئامىل، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتلەر ئەڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر كۈنى 113 - سانلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، ھەر يىلى 12 - نويابىرنى دۆلەت ۋە ئىنقىلاب بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆز جۇمھۇرىيەت بايرىقى ئاستىدا مۇستەقىل ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىپ، 12 - نويابىر بايرىمىنى بەش يىل خاتىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بەش يىل ئاسمان ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل دۆلەت بايرىقى ئېلىپ تاشلاندى ھەمدە 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەھرىمان مىللىي ئارمىيە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى.



1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بۇ يىل 86 يىل، 1944 - يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان، بىرىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋارىسى بولغان ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە 75 يىل بولدى. يىللار ئۆتتى، ئەۋلادلار ئالماشتى ۋە يېڭىلاندى. نۇرغۇن باتۇرلار ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا خوشلاشتى. 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ جەڭگىۋار، تولىمۇ مەردانە، تولىمۇ شاد - خۇراملىق، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىنتايىن پاجىئەلىك مۇساپىلەر بىلەن تولغان ئۇنتۇلماس تارىخىي باسقۇچ بولدى. ئۇنىڭ غەلىبىلىرى ئۇيغۇرلارنى كېلەچەككە ئۈمىدلەندۈرسە، ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنى ئېچىندۇردى.





يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تارىخىي ئەسلىمىلىرىنىڭ كونىرىشىغا قارىماي، تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ 12 - نويابىر خاتىرىلىرىنى ئەسلەۋاتقانلىقى، سېغىنىۋاتقانلىقى، ئەجدادلىرى باسقان بۇ مۇساپىلەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە ھەۋەس قىلىش تۇيغۇلىرىنىڭ يېڭىلىنىۋاتقانلىقى شۇنىڭدەك تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا.

نىلقا، ھەرەمباغ، شىخو - جىڭ، ئاقسۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مەيدانغا كەلگەن قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىلمەستىن، ئەكسىچە بۇ ھېكايىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئادەملەرگە كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىۋاتقانلىقى روشەن.

ئۇنداقتا 20 - ئەسىردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلارنىڭ غەلىبىسى ۋە ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ غەلىبىسىدىن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا نېمە قالدى؟ روشەنكى، بۇنىڭ كەسكىن جاۋابلىرى ئازادلىق، مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك، مىللەت ۋە ئىنسان قىممىتى بىلەن ياشاش ئىشەنچى ۋە ئۈمىدىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىقىدىن قالغان ساۋاقلار، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ يوقىتىلىشىدىكى سەۋەبلەر - يەنى ئىچكى نىزالار، بىرلىك بولماسلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق، نادانلىقنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكى، بۇ دۈشمەننىڭ بۈگۈندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن يوق قىلىنماي تۇرۇپ، ھېچقاچان غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل خەلقئارا مۇناسىۋەت بولۇش بىلەن ئۇنىڭ ساۋىقى شۇكى، ئۇيغۇرلار خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر، رىقابەتلەر ۋە ئىتتىپاقداشلىقلاردا ئىچىدە قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە پايدىلىنىشقا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

قىسقىسى، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بۇ كۈنلەردە مەزكۇر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىك تەبىرلىرىنى بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئاتالغۇغا ئايلاندى.

نەبىجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)





# دۇنيانىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا كۆز يۇمۇشى

(بۇ ماقالە 10 - نويابىر ئامېرىكا يېڭى جېرسېي شەھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار خەۋەر تورى «The Gothic Times» دا ئېلان قىلىنغان. ئاپتورى بىيولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەريەم پەرۋايز)

## بىز قاچان سۈكۈتىمىزنى بۇزىمىز؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟

قارا رەڭلىك چۇمبەل، ھىجاب، ساقال ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاشقۇنلۇق قالپىقى كىيدۈرۈلگەن. دۇنيا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بىز بەك يىراقتا قالدى دەپ ئويلىغان، لېكىن ھازىر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا تەسىر قىلىۋاتقان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش مەخپىيىتىنى ئىزدەۋاتقاندا، ئۇلار بۇنى ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى «شىنجاڭ» (شەرقىي تۈركىستان - ت)دا ئولتۇراقلاشقان بىر مىللەت. «پى بى ئېس خەۋەر ۋاقتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، 1949 - يىلى ئىشغال قىلىنغاندىن بۇيان، خىتاي بۇ رايوننى دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كونترول قىلىپ كەلدى، لېكىن بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۇنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتايدۇ. يىغىۋېلىش لاگېرلىرى قۇرۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا، خىتاي بۇ رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن رادىكال ھۇجۇملارنى سادىر قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، 2017 - يىلى ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي تۇستە كىيىنىشىنى (ساقال قويۇش ۋە چۇمبەل تاقاش) چەكلىدى. لېكىن ھازىر بولسا مىليونلىغان مۇسۇلمانىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز.

مەن بىر مۇسۇلمان ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دائىم باشقىلارنىڭ تۈرلۈك كەمسىتىشلىرىگە دۇچ كېلىمەن. ھىجاب كىيىشنى تاللىغان «نورمال» كۈنۈمدە ھەر خىل كىشىلەر ماڭا، ئەڭ مۇھىمى ھىجابىمغا نەزەر تاشلايدۇ. مەن بىئارام بولىمەن، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە ئەمەسلىكىمنى ئېسىمگە

ئالىمەن. ھەيران قالارلىق بولغىنى، ئۇ ماڭا بۇ خەۋەرچىلىك تەسىر قىلالمايدۇ. مەن خىتايدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك ۋە كەمسىتىلگەندەك ھېس قىلدىم. ئېنىقكى مەلۇم كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى خىتاي مەدەنىيىتى بويىچە «قايتا تەربىيەلەش»كە ياردىمى بولىدۇ. مەن بۇ ھەقتىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغاندا بىئارام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۇچۇن «نورمال» بىر كۈننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىمەن.

«پىت خەۋەرلىرى»نىڭ يازغۇچىسى ئانۇشاي چاۋدرى مېھرىگۇل تۇرسۇن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئامان قالغۇچىنىڭ قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلىدى. ئۇ ماقالىنى ئوقۇغاندا، ۋۇجۇدۇمنىڭ تىترەپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. بۇ شەخس بىر ئايال، يېڭى تۇغۇلغان ئۈچكېزەكنىڭ ئاپىسى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قىزى، ئەڭ مۇھىمى بىر ئىنسان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قوللىرىغا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتىلمەستىن ئايرودۇرۇمدا كويزا سېلىنىدى. ماقالىدە مېھرىگۇل مۇنداق دەيدۇ: «مېنى قىيناۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «ئاللاھ» دەپ پىچىرلىدىم، ئۇلار ماڭا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاللاھتىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ماڭا ئاللاھنىڭ مېنى قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى». ئۇلار ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ، ئۇنىڭغا دورا بېرىدۇ ۋە باللىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇلار پەقەت بىرلا سەۋەبتىن، دىنىي پەرقتىن بولغان. مېھرىگۇلنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالسا بولىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلتۈرگەن.

دۆلەت مىقياسىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ كېتىدۇ. شەخسەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دائىم ئۆزۈمدىن ئوخشاش سوئالنى سورايمەن: «بىز قاچان بىر كىشىگە دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك نەپرەتلىنىشنى توغرا دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدۇق، بىز نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىمىز؟»

بىز ھەممە كىشىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز، لېكىن مۇسۇلمانلارغا كەلگەندە بۇ قارىشىمىز نەگە كېتىدۇ؟ بىز خۇددى 11 - سېنتەبىردىن كېيىنكى كەمسىتىش، ئۆچمەنلىك جىنايەتلىرى ۋە خاتا قامالغان مۇسۇلمانلارغا قىلغىنىمىزدەك بۇنىڭغىمۇ كۆز يۇمماقچىمۇ؟ 11 - سېنتەبىردىن كېيىن ئىرقىي ئارقا كۆرۈنۈشى سەۋەبلىك نۇرغۇن مۇسۇلمان تۈرمىگە كىرگەن ۋە ئۆلۈم تەھدىتلىرىگە دۇچ كەلگەن. ھېلىھەم سۈرىيە ۋە يەمەنگە ئوخشاش دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلار ئۇرۇش ۋە ئۇنتۇلۇشقا دۇچار بولۇۋاتىدۇ، لېكىن مېدىيادا ئېتىراپقا ئېرىشەلمىدى. بىز قاچان سۈكۈتىمىزنى بۇزىمىز؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟



# جوۋ بايدېننىڭ سايلىنىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى



ئامېرىكا تاراتقۇلىرى 7-نويابىر جوۋ بايدېننىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بايدېن ئامېرىكىنىڭ ترامپ دەۋرىدىكى خىتاي ۋە ئۇيغۇر سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرامدۇ ياكى خىتاي سىياسىتىنى يۇمشىتىپ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا كۆز يۇمامدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن تېمىلارغا ئايلاندى.

## ئامېرىكا تاراتقۇلىرى: بايدېن سايلامدا غەلىبە قىلدى

ئامېرىكا ئاساسىي ئېقىم مېدىيالىرى 7 - نويابىر دېموكراتچىلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى جوۋ بايدېننىڭ 2020 - يىللىق پرېزىدېنت سايلىمىدا غەلىبە قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ نەتىجىسى گېئورگىيە، ئارىزونا، پېنسىلۋانىيە ۋە ناۋادادىن ئىبارەت تۆت ھالقىلىق ئىشتاتتىكى بېلەت ساناش نەتىجىسىنىڭ چىقىشى بىلەن بەلگىلەندى. ئامېرىكا شەرقىي قىسىم ۋاقتى 7 - نويابىر چۈشتە بايدېن % 0.5 پەرق بىلەن پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى، بۇنىڭ بىلەن ئېرىشكەن ۋەكىل سانى 290غا يەتتى. ئامېرىكا قانۇنى بويىچە سايلامدا 270 ۋەكىلگە ئېرىشكەن نامزات پرېزىدېنت بولىدۇ.

ئامېرىكا تاراتقۇلىرى جوۋ بايدېننىڭ 46 – نۆۋەتلىك ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولغانلىقىنى ۋە 2021 - يىلى 21 - يانۋار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەن ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ياشانغان پرېزىدېنت بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بايدېن مۇئاۋىن پرېزىدېنتلىققا كۆرسەتكەن كامالا ھارىس ئامېرىكا تارىخىدا مۇئاۋىن پرېزىدېنتلىققا سايلانغان تۇنجى ئايال، تۇنجى جەنۇبىي ئاسىيالىق ۋە تۇنجى قارا تەنلىك بولغان.

ھازىرقى پرېزىدېنت، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ نامزاتى دونالد ترامپ 214 ۋەكىلگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سايلام ئۈمىكى پېنسىلۋانىيە قاتارلىق بەزى ھالقىلىق ئىشتاتلاردىكى سايلام نەتىجىسىگە نارازى بولغان. ئۇلار پوچتا ئارقىلىق يوللانغان

بىلەتلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمان قىلغان ۋە سوتقا ئەرز سۇنغان.

گەرچە سايلامدا كىمنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى رەسمىي ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن كانادا باش مىنىستىرى تىرۇدو، گېرمانىيە باش مىنىستىرى مېركېل قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى بايدېننى تەبرىكلىگەن.

## ترامپ دەۋرىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى

2016 - يىلىدىن 2020 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى كۈچىيىپ، ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ئايلاندى. بۇ دەل ترامپنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن دەۋرى بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئاساسلىق تېما سۈپىتىدە قاراپ، «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ۋە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»دىن ئىبارەت ئىككى قانۇن لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتالىرىدا ماقۇللىنىپ، ترامپنىڭ ئىمزاسى بىلەن رەسمىي قانۇن بولۇپ يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ۋە خىتاي شىركەتلىرىگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈلدى.

ئامېرىكا مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى مايك پەنس ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو قاتارلىق ئەمەلدارلار كۆپ قېتىم خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنى تەنقىد قىلدى. بولۇپمۇ مايك پومپېيو نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى تەكىتلەپ كەلدى. پومپېيو ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان ئاز ساندىكى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاتتى ۋە بۇنى «بۇ ئەسىرنىڭ



يۈزىدىكى داغ» دەپ ئاتىدى.


ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا پارلامېنتى كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇملار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇمھۇرىيەتچى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ۋە ئۇ رەئىس بولغان خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تونۇلۇشى ۋە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشتا كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدى.

## جوۋ بايدېننىڭ خىتاي سىياسىتى ۋە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

جوۋ بايدېن خىتاي سىياسىتىدە خىتاينىڭ قانۇن ۋە سىياسەت جەھەتتە خەلقئارا ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىشىنى، ھازىرقى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە تاقابىل

تۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئۇ خىتاينى دۈشمەن تۇتۇشقا قارشى ھەم خىتاينى ئىتتىپاقداش دەپ قارىمايدۇ، لېكىن خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدا ئورتاق مەنپەئەت بار، دەپ قارايدۇ.

خىتاينىڭ 2020 - يىللىق ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بايدېن سايلام رىقابىتى جەريانىدا خىتايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيە ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇ خىتاينىڭ ئادىل بولمىغان سودا قىلمىشىنى كۆپ قېتىم ئەيىبلىگەن ۋە ئامېرىكىنىڭ خىتايغا تايىنىپ قېلىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىگەن. لېكىن ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن پرېزىدېنت ترامپ قوزغىغان ئامېرىكا - خىتاي سودا ئۇرۇشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، قانداق سودا سىياسىتى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرمىدى. ترامپىنىڭ خىتاي ماللىرىغا قويغان ئېمبارگو



ۋە چەكلىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى قالدۇرماسلىقى ئېنىق ئەمەس.

سايلام يېقىنلاشقان ھەپتىلەردە، بايدېنىنىڭ سايلام ئۆمىكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بايدېن بۇ يىل يازدا تىۋىتتېر ھېسابىدا خىتاينىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قاماپ قويۇشىنى تەنقىد قىلغان.

## بايدېن ئۇيغۇرلارغا قانداق پوزىتسىيەدە بولىدۇ؟

ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ قىزىققان ۋە كۆڭۈل بۆلگەن ئىش ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە مەجلىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ سايلامدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقى ئىدى. كۆپ قىسىم كىشىلەر مايك پومپېيوغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشى ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق دەپ قاراپ، ترامپىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بايدېنىنىڭ خىتاي سىياسىتىنى يۇمشىتىپ، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا كۆز يۇمۇشىدىن ئەندىشە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جوۋ بايدېن ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ۋە باشقا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خىتايغا قارشى تېخىمۇ كەڭ بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، دەپ قارىدى.

دىلشات سۇلتان

2020 - يىلى 7 - نويابىر




# ئۇيغۇر كىرىزىسى بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر: كانادا خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكلىرىگە قارشى نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟

**كانادا پارلامېنتىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەھشىيلىكىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ جاكارلىغان تۇنجى پارلامېنت كومىتېتى بولۇپ قالدى ۋە باشقىلارنىڭ ئەگىشىشى ئۈچۈن بىر ئۆرنەك بولدى.**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ۋەھشىيلىكلىرى دۇنياۋى نارازىلىق قوزغىدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەتلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقئارا مۇنبەردە خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا رەھبەرلىرىنى خىتايدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كومپارتىيەگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىردى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق سۆزىنى پائالىيەتچىلەر قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق دۆلەت ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلمىغان.

تۇنجى بولۇپ كانادا پارلامېنتىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋە خەلقئارا تەرەققىيات دائىمىي كومىتېتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تارماق كومىتېتى ئۇيغۇر كىرىزىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ جاكارلاپ ئۈلگە تىكلىدى. بۇ ئۇيغۇر كىرىزىسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان تۇنجى ھۆكۈمەت ئورگىنى.

شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان بۇ تارماق كومىتېت مۇنداق دېدى: «ئەگەر خەلقئارا جەمئىيەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى ئەيىبلىمىسە، بىر ئۈلگە تىكلىنىدۇ ۋە بۇ ئۇسۇللار باشقا ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىدۇ. بۇ خاتىرجەملىك شىنجاڭغا كىرىشى ئىمكانىيىتى بولماسلىقى، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۈكۈتى ۋە پاراكەندە قىلىنىشى سەۋەبلىك شەكىللەنگەن».

## خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان ۋەھشىيلىكى



خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى داۋاملاشماقتا. ئىككى مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمان ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار لاگېرلارغا قامالغان. شاھىتلارنىڭ تەسۋىرلىشىچە، بۇ يەھۇدىي چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇلۇشىدۇر.

ئامان قالغۇچىلار بۇ لاگېرلارغا قامىلىشىنىڭ دەھشەتلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى: كىشىلەر جىنسىي، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن خورلىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىگە، دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ مەجبۇرىي ئەمگەك، ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت، ھامىلىدارلىقتىن ساقلاش ئەسۋابى (IUD) تاقاتقۇزۇش، تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە بالا چۈشۈرگۈزۈش ئارقىلىق نوپۇسنى كونترول قىلىش قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن.

## كانادا خىتايغا ئەڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن زەربە بېرەلەيدۇ

خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى زورلۇق بىلەن ئەڭ ئىچىشىدىغان يېرىگە زەربە بېرىش. تارماق كومىتېت كانادا ھۆكۈمىتىنى «خەلقئارا ئىتتىپاقداشلىرى ۋە كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جازا لاگېرلىرىنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنى قانۇنسىز ۋە ناھەق تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ئەيىبلەشكە» چاقىردى.

ئۇندىن باشقا، كانادا ھۆكۈمىتى تەمىنلەش زەنجىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە تايىنىدىغان كانادا شىركەتلىرىگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئىمپورتنى كونترول قىلىش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.




تېخىمۇ مۇھىمى، مەزكۇر كومىتېت كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان - ت)دا ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلىنىۋاتقان قىلمىشلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى ھەمدە خەلقئارا ئورگانلارنىڭ قانۇنىي رامكا ئىچىدە خىزمەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى ھەرىكەتلەرنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قوبۇل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى.

شۇنداقلا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە مەسئۇل بارلىق كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈلۈشى كېرەك، دەپ قارىدى.

مەزكۇر كومىتېت مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «كانادانىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش جىنايىتى، ئىرقىي تازىلاش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشكەن خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار. تارماق كومىتېت قوغداشنىڭ تۆرلۈك شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئېمبارگو يۈرگۈزۈشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە».

كانادا پارلامېنتىدىكى بۇ تارماق كومىتېتنىڭ مەيدانىغا قارىتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا: «ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇملارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەكىللەندۇرگەنلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەمدە كانادانىڭ بۇ كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كونكرېت ۋە ئەھمىيەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر كومىتېتقا رەھمەت ئېيتىمىز. باش مىنىستىر تىرۇدو ۋە كانادا ھۆكۈمىتىنى مەزكۇر كومىتېتنىڭ خۇلاسىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقاندا كانادانىڭ بىر چەتتە قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشكە چاقىرىمىز» دېدى.

سامىخان، خەلقئارا سودا ۋاقىت گېزىتى، 2020 - يىلى 22 – ئۆكتەبىر



# ھىندونېزىيەدىكى ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ
# خىتايغا قايتۇرۇلغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى




19-نويابىر شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتىدىن بىر ھەيئەت ھىندونېزىيەنىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، باش ئەلچى لالۇ مۇھەممەد ئىقبالنى زىيارەت قىلغان. زىيارەت جەريانىدا جەمئىيەت ۋەكىللىرى باش ئەلچى مۇھەممەد ئىقبالدىن ھىندونېزىيەدە تۇتۇپ تۇرۇلغان ئەخمەت مەخمۇت، ئابدۇلباسىت تۇزەر ۋە ئابدۇللاھ بايرام قاتارلىق ئۈچ ئۇيغۇر ياشنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغان-قايتۇرۇلمىغانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى بايان قىلغان.

باش ئەلچى مۇھەممەد ئىقبال بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئاي بۇرۇن خىتايغا قايتۇرۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا ھازىرنىڭ ئۆزىدە يەنە ئىككى شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ھىندونېزىيە تۈرمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى دەلىللىگەن.

باش ئەلچى قايتۇرۇۋېتىلگەن ئۈچ ئۇيغۇر ياشنىڭ ھىندونېزىيە چېگراسىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەتكە قارشى كۈچلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان دەپ قارىلىپ، شۇ سەۋەبلىك ھىندونېزىيە قانۇنى بويىچە جازالانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خىتاي گىراژدانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى ۋەكىللىرى بۇ جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى ۋە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. شۇنداقلا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر كۈندە ھىندونېزىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئىگە چىقىشىنى ۋە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

ھەيئەت يەنە ھازىر ھىندونېزىيەدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىككى ئۇيغۇرنى يوقلاپ كېلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ۋە تەييارلىغان دوكلات ۋە تەلەپ خەتلىرىنى باش ئەلچىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. باش ئەلچى بۇلارنى ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئالدىنقى كۈنلەردە ھىندونېزىيەدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن خەۋەرلەر تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قاتتىق ئەندىشە قوزغالغان ئىدى. نۆۋەتتە بۇ خەۋەرنىڭ رەسمىي دەلىللىنىشى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پەرىشان قىلماقتا.




# شەرقىي تۈركىستاندىن ياردەم تەلەپ قىلىنغان خەت كەلدى

نويابىر- ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر پارچە ياردەم تەلەپ قىلىش خېتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.


**مەلۇم بولۇشىچە، ئارسلان ئىسىملىك رۇس ياش خىتايدىن «The North Face» ماركىلىق ئاياغدىن بىرنى بۇيرۇتۇپ سېتىۋالغان ۋە ئاياغنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ئىچىدىن بىر كىچىك قەغەزگە يېزىلغان ياردەم تەلەپ قىلىش خېتى چىققان. مەزكۇر ۋاراقچىدا: «قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، مەن خىتاينىڭ تۈرمىسىدە، ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دېگەن سۆزلەر ئىنگلىزچە يېزىلغان.**

ئۇ بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ئاياغنى ئەكېلىپ بەرگۈچى ۋە دۇكان ئىگىسى بىلەن ئالاقىلاشقان، لېكىن هېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ياردەم خېتىنىڭ راستلىقىنى ۋە يازغان كىشىنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسىيەدىكى «موبكا مەززىلىك تائاملىرى» ناملىق بىر تېلېگرام قانىلىدا تارقاتقان.

نۆۋەتتە بۇ خەتنى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا چېتىشلىق خىتاي زاۋۇتلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يازغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. خىتاي دائىرىلىرى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى يوشۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ خەتكە ئوخشاش ئاشكارىلىنىۋاتقان ئىسپاتلار خىتاينىڭ ھەقىقىي يۈزىنى دۇنياغا پاش قىلماقتا.

# مالايشىيا ھۆكۈمىتى:

# ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى خىتايغا ھەرگىز ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمىز



ئاسىيا ھەپتىلىك خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، مالايشىيا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ قاتتىق بېسىمىغا پىسەنت قىلماستىن، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك مەيدانىنى ئاشكارا تەكىتلىگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، مالايشىيا ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن مەيدانى بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان دۆلەتتىن سىياسىي پاناھلىق تىلىشىگە يول ئېچىلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئامېرىكىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تېررورلۇق تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك خىتاي ئامېرىكىنى قاتتىق ئەيىبلەۋاتقان بىر پەيتتە، مالايشىيا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، 9-ئايدا خىتاي مالايشىيا ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مالايشىيا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك ھەققىدىكى مەيدانىنى خىتايغا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، خەلقئاراغا ئاشكارا ئېلان قىلمىغان ئىدى. جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سېئان روبېرتس بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مالايشىيا ھۆكۈمىتى ھىندونېزىيە ۋە تايلاندنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندىكى باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر خالىماۋاتقان بىر مەيداندا تۇردى» دېگەن.

كاتو ئىنستىتۇتىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى، پېشقەدەم تەتقىقاتچىسى مۇستاپا ئاقيول ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مالايشىيانىڭ مەيدانى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ رەھىمسىز باستۇرۇشىدىن قوغداش ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىنىڭ بىر ئىپادىسى» دېگەن. رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مالايشىيانىڭ بۇ مەيدانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ مالايشىيادىن سىياسىي پاناھلىق تىلىشىگە يول ئاچىدىكەن.

مالايشىيا ئەقىل ئامبىرى «ئەمىر» ۋە مالايشىيادىكى داڭلىق مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى ئابىم (ABIM) مالايشىيا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ كەسكىن پوزىتسىيەسىنى ماختاپ، مەزكۇر قارارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# ئۇيغۇرلار قانداق باي بولىدۇ؟



مال-دۇنيا مەيلى قايسى دىن، قايسى مىللەت ياكى قايسى دەۋردىكى كىشىلەر ئۈچۈن بولسۇن، ئالاھىدە جەلپكار نەرسىدۇر. چۈنكى مال-دۇنيا ئېھتىياجدۇر، كۈچ-قۇۋۋەتتۇر. بەزىلەر ئۈچۈن ھەتتا شان-شۆھرەت، ھوقۇق، ئىمتىياز ۋە بەختتۇر.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پەۋقۇلئاددە زاھىت ياكى بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىن ھېچقانداق ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىزدىمەيدىغان ئادەملەردىن باشقا، ھەممە ئادەم دېگۈدەك مال-دۇنيانى ئۆزىدىن ئىتتىرمەيدۇ. بىراق، ھەر بىر ئىستىگۈچى ۋە ھەۋەس قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ نىيىتىگە كۆرە، بۇ ئىستەك ۋە ھەۋەسلەر بەزىلەرنى دۇنيالىق ئۈچۈن، بەزىلەرنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئوخشىمىغان يوللاردا ماڭغۇزىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بايلىق تېپىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى ئىزدىنىش، تىرىشىش ئۇسۇلىمۇ خېلى كۆپ مىللەتلەرگە ۋە دەۋرلەرگە قارىغاندا ئۆزگىچىدۇر. تارىختىن بىرى نۇرغۇن خاندانلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ھاياتىنىڭ نۇرغۇن قايناملىرىدا قايىنىغان ئۇيغۇر خەلقى تىجارەتتە ئالاھىدە تەجرىبە ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرى بىلەن تەقدىرداش، دەۋرداش بولغان باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن باي بولۇشى بەك تەس بولمىغان. يەنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش تەر تۆككەندە ئۇلاردىن كۆپرەك باي بولغان ياكى باشقىلارچىلىك تەر تۆكمەي ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىدە باي بولغان. ئەڭ ئېغىر تەبىئىي ئاپەت، ئۇرۇش، ئالۋاڭ-ياساقلاردىمۇ تەقدىرداشلىرىغا قارىغاندا يەنە يامان ئەمەس ياشاپ كەلگەن.

مېنىڭ چۈشىنىشىم ۋە ئانالىزىمچە، بۇنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسلىق سەۋەبى بولغان . بىرىنچىسى، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سۈيى مول، يېرى مۇنبەت جايلاردا ياشاپ كەلگەچكە، مەيلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا بولسۇن ياكى سودا-تىجارەتلىرىدە بولسۇن، ئاسان ھوسۇل بېرىدىغان ۋە سۈپىتى يۇقىرى بولغان كىرىم مەنبەسى بىلەن كۆكلەپ كەلگەن.

ئىككىنچىسى، تۆت پەسلى ئېنىق بولغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا ياشىغان خەلقىمىز پەسىلگە قارىتا قىلىنىدىغان تارىختىكى يىپەك يولى تىجارىتى بولسۇن ياكى يېقىنقى دەۋرلەردىكى دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى يەرلىك تاۋار مال ئالماشتۇرۇش، شۇنىڭدەك خەلقئارالىق تىجارەتتە بولسۇن، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان تىجارەت ئارتۇقچىلىقى بىلەن ھەرۋاقىت جانلىق بىر سودا ئېقىمى ئىچىدە سودا پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئەگەر ئۇچىنچى بىر سەۋەبىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كەلسە، خىتاينىڭ ھايات كەچۈرۈش ۋە باي بولۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي رىقابەتلىشىش ئېڭىنى كۆرستىش مۇمكىن. خىتاي ئىستىبلاسىدا قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا بۇ رىقابەت قاينىمىغا سۆرەپ كىرىلگەن بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدە بولغان تىجارەت ئېڭى ۋە زېرەكلىكى بىلەن بۇ رىقابەت قاينىمىدا بىر ئۆلۈش تەجرىبە نېسىۋىسىنى ئېلىپ، رىقابەتتە ھەرۋاقىت يېڭىلىنىپ ئىلگىرىلەش يولىنى تۇتقان.

بۇ سەۋەبلەردىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇزۇن يىللىق بېسىم، ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تۈرلۈك يوللاردىكى ئىقتىسادىي چەكلىمىلەر ئىچىدىمۇ خۇددى تاشنى يېرىپ چىققان مايسىدەك ئۈنۈپ چىقىپ، قاتتىق دىكتاتۇرا سىياسىتى ئاستىدىمۇ ئىگىلىك تىكلەپ كەلگەن. بىر قىسمى باي-باياشات ياشىسا، كەمبەغەللىرىمۇ ھېچ بولمىسا ھېچكىمگە موھتاج بولماي ياشاش بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن.

بىراق «چەت ئەلگىمۇ پۇلسىز چىقامدۇ؟» دەپ، ھىجرەت، ئوقۇش، تىجارەت ياكى ساياھەت بىلەن چىققانلارمۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئېلىپ چىققان مال-دۇنياسى ياكى ئارقىدىن يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەبلىغى بىلەن ئۆزلىرى ياشىغان دۆلەتلەردە ئوتتۇرھال سەۋىيەدىكى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

2016-يىلدىن كېيىن خىتاي جازا لاگېرى ۋە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇچۇر-ئالاقە ۋە كىرىپ-چىقىشقا بولغان چەكلىمىنى يولغا قويغاندىن بېرى نۇرغۇنلىغان تىجارەتچىلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان بىلەن چەت ئەللەر ئارىسىدا ئۇچۇر-ئالاقە بىلەن ئىش قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئالاقە يولى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئۈزۈلۈش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەييارلىقسىز تۇرغان ئەھۋالىغا توغرا كەلدى. ئىش-ئوقەت ۋە ئۇچۇر-ئالاقە نورمال ۋاقتىدا بۇنداق بىر ئەھۋالنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلمىگەن نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز چۈنتىكىگە قولىنى سالغىنىچە داڭقېتىپ قالدى.

چۈنكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە بىرەر ئىشنى باشتىن باشلاش، شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزام ۋە پىرىنسىپلىرىغا قارىتا بىرەر ئىقتىسادىي بازا بەرپا قىلىش ياكى بىرەر ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، شۇ دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىش دېگەندەك تەييارلىقلىرى يوق ئىدى. بۇنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلمىغاچقا، قولىدا بارنى تەسەررۇپ قىلىشنى، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشنى، تەييار بېلىقنى يېيىشنىڭ ئورنىغا بېلىقنى تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگىنىشنى بىلمىگەنلەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى.



قىسقىسى بۇنىڭ تەسىرى بەزىلىرىگە بىۋاسىتە، بەزىلىرىگە ۋاستىلىك بولغاچقا، بەزىلەر شۇ ھامان، بەزىلەر تەدرىجىي ئىقتىسادىي بېقىندىلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە بەزى قېرىنداشلار بۇ كىرىزىسنى ھېس قىلىپ، قايتىدىن دەست تۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، سەرپ قىلغان زېھنى، كۈچى ۋە مەبلىغىگە چۈشلۇق ئىش بولماي، بىرنى ئىككى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، نۇرغۇن مەبلەغلىرى ئۇچۇپ كەتكەن بولدى. قايتىدىن باش كۆتۈردى دېگەنلەرنىڭ بولسا، قولغا كەلتۈرگەنلىرى سەرپ قىلغانلىرىغا قارىغاندا بەكلا ئاز.

ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق كېتىۋېرەمدۇ؟ ئەگەر ھازىرقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ساۋاق ئالمىسا، ئورنىدىن دەست تۇرمىسا، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ئەھۋالدا ياشاش سەنئىتىنى ئۆزىمىزنىڭ خېمىرتۇرۇچىدا بولغان ئارتۇقچىلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرمىسە، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كۈنلەرنى كەلمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

شۇڭلاشقا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار تېزدىن ئېسىنى تېپىپ، بىر ئىش قىلىش ئالدىدا ئۆزى بىلەن ئوخشاش تەقدىرداش بولۇپ قالغان كەسىپدىشى، تونۇشى ياكى تەڭتۇشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى دوراپ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىلمى، سەۋىيەسى، ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسىنى ياخشى ئانالىز قىلغان ھالدا يول ئىزدىشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇرلار ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تېزلىكتە قەد كۆتۈرەلەيدۇ.

موھتاجلىقتىن ئىبارەت يۈز قىزارتىدىغان، تىلنى قىسقا قىلىدىغان، غۇرۇرىغا زىت كېلىدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ. تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلار تىلەمچى بولۇشنى ئۆلۈمدىن ئېغىر كۆرگەن بىر مىللەت. بەزىلەر ۋاقىتلىق مەڭدەش بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن بىراۋلارغا قول ئۇزىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە بېقىندى ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلسىمۇ، تارىختىن بېرى مەردلىكى، جەسۇرلۇقى، ئەقىل-پاراستى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن ئۇيغۇر يىگىت-ئەركەكلىرى، مەرد قىز-ئاياللىرى «ئالغۇچى» ئەمەس «بەرگۈچى»، «موھتاج» ئەمەس بەلكى موھتاجلارغا باشپاناھ بولالايدۇ. چۈنكى كۆڭلى باي ئادەم چوقۇم باي بولالايدۇ.

ئەي مېنىڭ ئېسىل ئۇيغۇرۇم! دۇنيا سېنى بۇرۇنقى شان-شەرىپىڭ بىلەن كۆرۈشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە!

مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر

2020-يىلى 22-ئۆكتەبىر، ئىستانبۇل


Rad
2020

# مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/2801
http://istiqlalhaber.com/page/news/2787
http://istiqlalhaber.com/page/news/2822
http://turkistantimes.com/uy/news-13764.htm
https://turkistantimes.com/ug/news-13870.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13635.html
http://istiqlalhaber.com/page/news/2569
https://www.akademiye.org/ug/?p=15305

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**